# «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق»نىڭ يېڭى يۆگمە رەسمى بىرلىكتە سىزىپ چىقىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىلگىرى ئىنتايىن ناچارلاشقان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تارىم دەرياسى ئېقىن رايونىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئاساسلىق ئامىل ئىدى. قۇمتاغ بىلەن تەكلىماكاندىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قۇملۇقنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تەرەپتىن 360 كىلومېتىر قىستاپ كېلىشى بىلەن، تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدىكى يېشىل ئېكولوگىيە كارىدورى خەۋپ ئىچىدە قالغانىدى.

2001 ـ يىلى، بىڭتۇەن 2 ـ شىسى 31 ـ تۇەننىڭ خىزمەتچىسى جوۋ چياڭ تارىم دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئۆيىدىن ئايرىلىپ، ئون يىلغا سوزۇلغان كۆچۈپ يۈرۈش تۇرمۇشىنى باشلىدى. «ئەينى چاغدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزگە ماس كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى» دېدى جوۋ چياڭ.

ئۈزۈلدۈرمەي ئېكولوگىيەلىك سۇ باشلاش تارىم دەرياسىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيەسى بويىدىكى ئېكولوگىيە كارىدورى قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە تولدى. 2011 ـ يىلى، جوۋ چياڭ يۇرتىغا قايتىپ، زامانىۋى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ كېۋەز تېرىدى، تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە روناق تاپتى. ئۇ تۇرىدىغان جايدىن 300 كىلومېتىر يىراقلىقتا، چاقىلىق ناھىيەسىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك چىلىنى دۆلەت يولى 312 ـ لىنىيەسى ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئۈزلۈكسىز توشۇلدى، باغ ـ ئورمانچىلىقنى مۇھىم ۋاستە قىلىش ئارقىلىق، چاقىلىق ناھىيەسى يېشىللىققا پۈركىنىش بىلەن بىللە، يەنە شىنجاڭدىكى كىشى بېشى كىرىمى ئەڭ يۇقىرى ناھىيەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

نوقۇل ھالدا تۆۋەن ئېقىنغا سۇ باشلاشتىن بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن ئېقىن رايونىغا ئېكولوگىيەلىك سۇ تولۇقلاشقىچە، تارىم دەرياسىنى تۈزەش نەتىجىلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى ئېكولوگىيەلىك توسۇقنىڭ رولى يىلدىن ـ يىلغا كۈچىيىپ، ئاقسۇدىن كورلىغىچە بولغان لىنىيە بويىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى.

«ئىلگىرى پۇقرالار ‹ياشاش ئۈچۈن تىرىشاتتى›، ھازىر كىشىلەر ‹ئېكولوگىيە ئۈچۈن تىرىشىدۇ›. باش شۇجى شى جىنپىڭ: تاغلار يېشىللىققا پۈركىنىش، سۈزۈك سۇ ئېقىپ تۇرۇش، ھاۋا دائىم ساپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى خەلقنىڭ تۇرمۇش سۈپىتىنىڭ ئېشىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك، دېدى. بۇ دەل ئاقسۇنىڭ شەھەر قۇرۇلۇش يۆنىلىشى» دېدى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دوۋ ۋەنگۈي.

1800 مو كۆلەمدىكى ئاقسۇ دۆلەتلىك سۇلۇق يەر باغچىسىدا، ياۋا گۈللەر، سۇ ئوتلىرى ۋە مەجنۇنتاللار گىرەلىشىپ كەتكەن يېشىللىق 20 نەچچە چوڭ ـ كىچىك تەبىئىي كۆلنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ گۈزەل تۈسكە كىرگەنىدى. ئورمان باغچىسى بۈك ـ باراقسان بولۇپ، سەيلىگاھ، يېشىللىقلارنى ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى.

ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئاقسۇ شەھىرىنى تېخىمۇ كۆپ تەرەققىيات ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئىقتىساد ـ سودىنىڭ جانلىنىشى ۋە كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھەمىيىنىنى ئۈزلۈكسىز تومپايتتى.

تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاكتىپ قوغداش ھەرىكىتى شىنجاڭغا بارغانسېرى كەڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات بوشلۇقى يارىتىپ بەرمەكتە.

### مۇھىتنى ئاسراش تەرەققىيات ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ مارياڭ يېزىسى پىل كەنتىدە، تاغ باغرىدا تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالسىڭىز، بىر تال سۇس «سىزىق»نىڭ تاغ چوققىسىغا سوزۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇ بىر يول بولۇپ، ئىلگىرىكى قاشتېشى كانىغا تۇتىشىدۇ. ھازىر كان رايونى پۈتۈنلەي تاقالدى، ئۇ يول تاغ ئۆچكىسىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى بولۇپ قالدى.

قاشتېشى ئىلگىرى پىل كەنتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئۈمىدى ئىدى، ئەمما گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز پامىر ئېگىزلىكىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى، ياۋايى ھايۋانلار ئالاقزەدە بولۇپ قاچتى، شۇڭا يەرلىك ھۆكۈمەت توختىتىش كۇنۇپكىسىنى باستى. 2018 ـ يىلىدىن باشلاپ، تاشقورغاندىكى سەككىز كان رايونى ئارقا ـ ئارقىدىن تاقىلىپ، 1053.97 گېكتار يەردىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش بىلەن ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، كىشىلەر ئالدىنقىسىنى تاللىدى.

«مۇھىتنى قۇربان قىلىش بەدەل قىلىنمىسا، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىمىز تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولىدۇ» دېدى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەلىك نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئەركىن ھۈسەيىن.

ھەقىقەتەن شۇنداق، تاشقورغان 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى نامراتلىق قالپىقىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىۋەتتى، ناھىيە بويىچە 4051 ئائىلىدىكى جەمئىي 16 مىڭ 518 ئادەم نامرات تۇرمۇش بىلەن خوشلاشتى. تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشقان يېڭى يوللار ھەربىر كەنتنى ناھىيە بازىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، تۈرلۈك كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. چېگرا قوغدىغۇچى، ئېكولوگىيە تولۇقلىمىسى، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق نۇرغۇن يوللار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بىلەن تەمىنلىدى.

ئالتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە، ئالتاي ۋىلايىتى تاقىۋېتىلگەن 77 كاننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تۈزەشنى تاماملىدى؛ ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ خوۋشيا رايونىدا، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى كۆچۈرۈلۈپ، ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىلدى. كۆچۈرۈپ چىقىلغان كارخانىلارنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تاغدىن كۆچۈپ چۈشكەن چارۋىچىلارنى تېخىمۇ ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈردى. ھايۋانات قوغداش ئەلئارا تەشكىلاتى «خۇاڭيې شىنجاڭ»نىڭ مەسئۇلى شىڭ رۈي ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت كۆزىتىش، خاتىرىلەش ئارقىلىق، ئىلگىرى بىر مەزگىل ئىنسانلار پائالىيىتىنىڭ تەسىرىدە خوۋشيا رايونىدىن كەتكىنىگە نەچچە ئون يىل بولغان قوڭۇر ئېيىقنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يەنە قايتىپ كەلگەنلىكىنى بايقىدى.

بۇنداق تاللاشنىڭ نەتىجىسىدە، شىنجاڭدا ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەرىكىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي 2 مىليون 923 مىڭ 200 ئادەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، 25 نامرات ناھىيە قالپىقىنى ئېلىۋەتتى، نامراتلىق يۈزبېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىدى. نۆۋەتتە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ ئاتاكا سىگنالى چېلىندى، كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى نامراتلىق قورغىنىغا ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغىماقتا.

### يېشىللىقنى قوغداش ھاللىق تۇرمۇشقا يەتكۈزدى

قاناس، نارات، كۆكتوقاي، تىيانشان چوڭ جىلغىسى... بۈگۈنكى كۈندە، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا داڭلىق بۇ مەنزىرە رايونلىرى بارغانسېرى گۈزەللىشىۋاتىدۇ. بۇ گۈزەللىك ساياھەت كەسپى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئويلىنىشىدىن كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغقا يۈزلىنىپ تۇرغان كىشىلەر ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شۇنداقلا ئۇنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى تېخىمۇ ئۇزاققىچە داۋاملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى ياخشىلىنىپ، كىمنىڭ ئۆيى كۆپ بولسا، شۇ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن كەنتتە ئۆز ئالدىغا قالايمىقان سېلىۋالغان ئۆيلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، بۇ قاتاردا مەنمۇ بار ئىدىم. نەتىجىدە كەنتتە بوش يەر بارغانسېرى ئازىيىپ، مۇھىت بارغانسېرى ناچارلىشىپ، ئەسلىدىكى ئاددىي قىياپىتى يوقالدى، كەنتنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىمۇ بىرمەھەل بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى» دېدى قاناس مەنزىرە رايونى قۇمقاناس كەنتىدىكى مىرەنبېك خالقا گۈل ئۇرۇقى چاچقاچ ئەسلەپ.

«بۇنداق كېتىۋەرسە، كەنتىمىزنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى قالاتتىمۇ؟ كىچىككىنە پايدىنى كۆزلەپ، مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلساق، يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش شەكىللىنىدۇ» دېدى مىرەنبېك. 2017 ـ يىلى، قاناس مەنزىرە رايونى مۇھىتنى تۈزەشنى قانات يايدۇرغاندا، مىرەنبېك قوش قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە شەخسىي سېلىۋالغان ئۆيلەرنى چېقىۋەتتى.

بۇنداق كۆرۈنۈش ۋە ئۆزگىرىشلەر نۇرغۇن مەنزىرە رايونلىرىدا يۈزبەردى، سانسىزلىغان ساياھەت كەسپكارلىرى «بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈش»تىن «كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش»قا ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى. تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە مەدەنىيلىك نۇرى شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى سىجىل ئاشۇردى، 2019 ـ يىلى، شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى 200 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىشتەك تارىخىي رېكورت يارىتىلىپ، 345 مىليارد 265 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم 41.6% ۋە 40.4% ئاشتى.

گۆجۈڭ ناھىيەسىدە، 16 مىڭ مو ئورگانىك بۇغدايلىق ھەرقايسى يېزا ـ بازارلارغا تارقالغان بولۇپ، شۇ جاينىڭ تور ۋە تور سىرتىدا سېتىلىشى ئەڭ ياخشى خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىغا ئايلاندى. «بەنجەگۇ بازىرى ياۋجەنزى كەنتىدىكى بۇغدايلار ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ سۈپەت ئېتىراپىدىن ئۆتتى، ئورگانىك بۇغدايلار شىنجاڭدىن چىقىپلا قالماي، يەنە دۇنياغا يۈزلىنەلەيدىغان بولدى» دېدى گۆجۈڭ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ ئاگرونومى ما جاۋتىڭ.

2019 ـ يىلى، شىنجاڭدا جەمئىي 56 مىليون توننا مەھەللىۋى ئوغۇت توپلىنىپ، ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى 57 مىليون 830 مىڭ تونىغا يېتىپ، شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش كۆلىمى 37 مىليون 820 مىڭ موغا يېتىپ، يېزىلاردىكى دائىرىلىك مەنبە بۇلغىنىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق دورىسى، خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى ئوخشاشلا مەنپىي ئاشتى. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى يارىتىشتا ئەڭ ئالدىدا تۇرغىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن ۋاز كەچكەن سانسىزلىغان دېھقانلار. كىشىلەر ئېتىزلارنى ئاسرىدى ھەم ئۇنىڭدىن ساغلام، بەختلىك تۇرمۇشنى ئىزدىدى.

تاغ يېشىل، سۇ سۈزۈك، ئاسمان كۆك، يەر يېشىل بولغان رېئال مەنزىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز نامايان بولۇشى بىلەن، كىشىلەر قەلبىدىكى «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»مۇ بارغانسېرى گۈزەللەشتى. شىنجاڭ «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چوڭ قەدەمدە ئىلگىرىلىمەكتە.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ ناھىيە جەمئىي 45 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، ناھىيە تەۋەسىدە ياۋايى ھايۋانلار تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى دائىرىسىدىكى تۈزىتىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك 37 كاننىڭ گېئولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئالار دۆلەتلىك سۇلۇق يەر باغچىسىدىكى 198 ئائىلىلىك چارۋىچىغا قارىتا باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشنى يولغا قويۇپ، 56 كىلومېتىر مۇھاپىزەت توسۇقى ئورنىتىپ، سۇلۇق يەرنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

تاشقورغان بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشنى ئېكولوگىيەنى قوغداش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 2018 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شەھەر ـ بازارلاردىكى تۇرمۇش پاسكىنا سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتى قۇردى ھەم ئىشقا كىرىشتۈردى؛ بۇ يىل 5 ـ ئايدا پاسكىنا سۇ بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، تۈر ئومۇمىي سېلىنمىسى 9 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھازىر بۇ قۇرۇلۇش پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، پاسكىنا سۇ بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۈنىگە 4000 كۇب مېتىرغا يەتتى. «بىز كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان پار قازانلارنى چېكىندۈرۈشنى تېزلىتىپ، پاكىز ئېنېرگىيەلىك پار قازانلارنى ئىشلىتىشنى ئالغا سىلجىتتۇق، نۆۋەتتە پۈتۈن ناھىيە بويىچە كۆمۈر يېقىلغۇ قىلىنىدىغان 12 پار قازىنىنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىشتىن توختىتىلىپ، توك پار قازىنىغا ئۆزگەرتىلدى، 4233 ئائىلىلىك دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ كۆمۈر ئىشلىتىشىنى توك ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىش تۈرى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىپ، ھاۋا سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى.» ناھىيەلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋۇ جۈنفېڭ مۇنداق دېدى: «بۇلتۇر ناھىيەمىزنىڭ ھاۋا سۈپىتى ئەلا كۈن سانى 92.8%كە يەتتى».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تاشقورغان كارخانىلارنى نازارەت قىلىش باشقۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، كارخانىلارنىڭ يەكەن دەرياسى، تاشقورغان دەرياسى قاتارلىق چوڭ ـ كىچىك دەريا ئېقىنى، كىچىك ئېرىق، كۆل ـ ئامبار، سۇ باشلاش ئۆستىڭى، ئوتلاق، سۇلۇق يەر ۋە ھەرقايسى مۇھىت سەزگۈر رايونلارغا بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزى تەسىس قىلىشىنى چەكلىدى.

كۆپ يىل سىجىل تۈزەش ئارقىلىق، تاشقورغاننىڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ئەسلىگە كېلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ئوغرىلىقچە ئوۋ ئوۋلاش قىلمىشلىرى پۈتۈنلەي توسۇلۇپ، ئېگىزلىكتىكى ھايۋانلار تۈر تۈپىنىڭ سانى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. ھازىر، بارغانسېرى كۆپ دېھقان ـ چارۋىچى ئاڭلىق ھالدا ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش سېپىگە ئاتلاندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىز كۆكيار چۆللۈكنى كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، باغراش كۆلى قاتارلىق كۆللەرنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تۈزەش، ئۈرۈمچىدە كۆمۈر ئىشلىتىشنى گاز ئىشلىتىشكە ئۆزگەرتىش قاتارلىق زور بىر تۈركۈم مۇھىتنى تۈزەش قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتنى تۈزەشتىن ئىبارەت تۆت مەيدان نامايەندە خاراكتېرلىك جەڭنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ياخشى قىلىپ، تەرەققىي قىلىش داۋامىدا قوغداپ، قوغداش داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئېكولوگىيە پايدىسىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدۇق.

لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاجىز، مۇھىتنى تۈزەشنى كۈچەيتىشتە ۋەزىيەت ئېغىر، يول يىراق. ھازىر، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كۆز ئالدىمىزدىلا، جەزمەن ئىستىراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراشنى كۈچەيتىپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كەمتۈكلۈكىنى تېزدىن تولۇقلىشىمىز كېرەك.

باشتىن ـ ئاخىر يېشىل تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. تەپەككۇر ئەندىزىنى بەلگىلەيدۇ، ئىدىيە ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شىنجاڭ چوڭ، ئەمما بىر پارچە قارا بۇلۇتنىمۇ سىغدۇرالمايدۇ؛ شىنجاڭ گۈزەل، ئەمما ئازراق پاسكىنا سۇنىڭ بولۇشىغىمۇ يول قويمايدۇ. بىز ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق، بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەيدىغان ئىلمىي تەبىئەت قارىشىنى، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار ـ مۇزلۇقمۇ بايلىق دېگەن مۇھىم تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئەڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدار خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىگە ئايلاندۇرۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى ھاياتلىق ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلاندۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

يېشىل تەرەققىياتقا پايدىلىق تۈزۈلمە مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىشىمىز كېرەك. تۈزۈم ئارقىلىق ئەڭ نېگىزلىكچە باشقۇرغىلى بولىدۇ، ئەڭ ئۇزاققىچە باشقۇرغىلى بولىدۇ. «سىگنال چىرىغى»نى ياندۇرۇپ، قانۇنچىللىق، مەمۇرىيەت، بازار، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىپ مۇھىتنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئېكولوگىيە قىزىل چېكى، تۆۋەن چېكىنى قاتتىق ساقلاپ، «ئۈچ يۇقىرى» تۈرلەرنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاتتىق چەكلەپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش تۈزۈمى ۋە بوشلۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تىزگىنلەش تۈزۈمى، ئەڭ قاتتىق بولغان سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا «قىلچە يول قويماسلىق»نى قىلىشىمىز كېرەك. «يېڭى ئۆلچەم» بېكىتىپ، پەقەت GDP ئارقىلىقلا قەھرىمانلارنى باھالاشتىن ساقلىنىپ، بايلىق سەرپىياتى، مۇھىت ئاسراش، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى ئۇنىۋېرسال باھالاش سىستېمىسىغا كىرگۈزۈپ، مۇھىت ئاسراش پولات قوشۇنى قۇرۇپ، يېشىل رەڭنى كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنىڭ ئاساسىي رەڭگى، ئاساسىي مېلودىيەسىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

يېشىل تەرەققىيات ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك. تەرەققىيات ئۇسۇلى تەرەققىيات ئۈنۈمىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. يېشىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، پەن ـ تېخنىكا تەركىبى يۇقىرى، بايلىق سەرپىياتى تۆۋەن، مۇھىت بۇلغىنىشى ئاز ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا تۈرتكە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى كۈچەپ تەڭشەپ، زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، يېڭى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. ئاددىي، مۇۋاپىق، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تۇرمۇش شەكلىنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، بايلىقنى ئومۇمىيۈزلۈك تېجەش ۋە تەكرار پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى ۋە تۇرمۇش سىستېمىسىنى دەۋرىي تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئادەملەر يېشىل تاغلارغا يۈز كېلەلىسە، يېشىل تاغلارمۇ ئادەملەرنى چوقۇم نائۈمىد قويمايدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىي قىلىشتا چىڭ تۇرساقلا، بىز چوقۇم شىنجاڭنىڭ ئاسمىنىنى تېخىمۇ كۆك، يېرىنى تېخىمۇ يېشىل، سۈيىنى تېخىمۇ سۈزۈك، مۇھىتنى تېخىمۇ گۈزەل قىلالايمىز، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتنىڭ ئەڭ گۈزەل ئاساسىي رېڭگىگە ئايلاندۇرالايمىز.